# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 6 ـ ئاي
8
شەنبە
维吾尔文 6月8日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24720 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن ساينت پېتېربۇرگدا يەنە بىر قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ساينت پېتېربۇرگ، 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لىيۇ خۇا، ۋېي جيەنخۇا)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ساينت پېتېربۇرگدا رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

پۇتىن شى جىنپىڭنى كېمىگە ئولتۇرۇپ نېۋا دەرياسىنى بىللە سەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. پۇتىن شى جىنپىڭنىڭ يەنە بىر قېتىم يۇرتىغا زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى قارشى ئالدى ھەم شى جىنپىڭغا ساينت پېتېربۇرگنىڭ مەنزىرىسى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە يول بويىدىكى ئىمارەتلىرىنى تونۇشتۇردى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: زۇڭتۇڭ پۇتىننىڭ يۇرتى ساينت پېتېربۇرگدا زىيارەتتە بولغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن. بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، مەدەنىيەت ـ سەنئەت كەيپىياتى قويۇق ئىكەن. بۇ مەدەنىي مۇنبەت تۇپراقتا ئىلگىرى نۇرغۇن مۇھىم، زور تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەرگەن،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ 23 ـ نۆۋەتلىك ساينت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرى ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشتى ھەم تەبرىك سۆزى قىلدى

## قول تۇتۇشۇپ يېپيېڭى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات يولىنى ئېچىش تېخىمۇ گۈللەنگەن، گۈزەل دۇنيانى ئورتاق بەرپا قىلىشنى تەكىتلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ساينت پېتېربۇرگ، 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار خو شياۋگۇاڭ، لو جۈن، خاۋ ۋېيۋېي)** 23 ـ نۆۋەتلىك ساينت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرى ئومۇمىي يىغىنى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ساينت پېتېربۇرگدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ، رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن، بۇلغارىيە زۇڭتۇڭى رادېۋ، ئەرمېنىيە زۇڭلىسى پاشىنيان، سلوۋاكىيە زۇڭلىسى پېللېگرىنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

شى جىنپىڭ «ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرايلى گۈللەنگەن گۈزەل دۇنيانى ئورتاق بەرپا قىلايلى» دېگەن تېمىدا تەبرىك سۆزى قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى: دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان زور ۋەزىيەت ئۆزگىرىشى ئالدىدا، جۇڭگو تەرەپ خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە، كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئېچىۋېتىلگەن، كۆپ مەنبەلىك دۇنيا ئىقتىسادىنى بەرپا قىلىپ، ئومۇم مەنپەئەتلىنىدىغان، سىغدۇرۇشچان بەختلىك جەمئىيەتنى تىرىشىپ قۇرۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق بىللە ئۆتىدىغان گۈزەل يۇرت ـ ماكان بەرپا قىلىشقا كۈچ چىقىرىپ، قول تۇتۇشۇپ يېپيېڭى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات يولىنى ئېچىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ۋە مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو باشتىن ـ ئاخىر ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ۋەدىسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئادا قىلدى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. 2013 ـ يىلى مەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، بۇ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسى بىلەن نىشان، پىرىنسىپ، يولغا قويۇش يولى جەھەتتە يۈكسەك ماس كەلگەن بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ پائال ئاۋاز قوشۇشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇ يىل 4 ـ ئايدا، 2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرى بېيجىڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى، ھەرقايسى تەرەپلەر «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات يولىدا مېڭىشقا بىردەك قوشۇلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: رۇسىيە جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم، ئالدى بىلەن ھەمكارلىشىدىغان ھەمراھى. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش زۇڭتۇڭ پۇتىن تەشەببۇس قىلغان «چوڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى» ئىدىيەسى بىلەن تۇتاشقان، ئىككى چوڭ تەشەببۇس ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى قوللايدۇ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىر ـ بىرىگە زىت كەلمەيدۇ، رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، ئورتاق ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق تەلپىگە ئۇيغۇن. جۇڭگو تەرەپ خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە قول تۇتۇشۇپ يېپيېڭى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات يولىنى ئېچىشنى خالايدۇ.

بىرىنچى، بىز ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئېچىۋېتىلگەن، كۆپ مەنبەلىك دۇنيا ئىقتىسادىنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. جۇڭگو سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، بازار ئىجازىتىنى كەڭ قويۇۋېتىپ، ئادىل رىقابەتلىشىدىغان بازار مۇھىتىنى يارىتىدۇ. بىز بايرىقىمىز روشەن ھالدا ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىش مۇساپىسىنى ئالغا سىلجىتىپ، كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى تەكشى بولماسلىق، باراۋەر بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كۈچ چىقىرىپ، كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت يارىتىپ بېرىمىز. جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن 5G تېخنىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ يېڭى پەن ـ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن بەھرىلىنىپ، يېڭى يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئورتاق يېتىشتۈرۈشنى خالايدۇ.

ئىككىنچى، بىز ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ ئومۇم مەنپەئەتلىنىدىغان، سىغدۇرۇشچان بەختلىك جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. جۇڭگو داۋاملىق نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، تىرىشىپ يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆپەيتىپ، كەسپىي ماھارەتنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ، پىدائىيلار مۇلازىمىتى، خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى قوللاپ، ئاجىزلار توپىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. بىز ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىللە نامراتلارنى ئازايتىش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىقلاردا ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ زور ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىشنى خالايمىز.

ئۈچىنچى، بىز يېشىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق بىللە ئۆتىدىغان گۈزەل يۇرت ـ ماكان بەرپا قىلىشقا كۈچىشىمىز كېرەك. بىز سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دەيدىغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قوغداش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام بېرىپ، ھاسىلىي ئېنېرگىيەنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بايلىقنى تېجەپ تېجەپ ئىشلىتىش ۋە تەكرار ئىشلىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن پۈتۈن يەر شارى كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش قاتارلىق تەخىرسىز مەسىلىلەرگە قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇپ، «پارىژ كېلىشىمى» قاتارلىق خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تونۇشىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات يەنىلا بۈگۈنكى دەۋرنىڭ باش تېمىسى، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك بۇنداق زىچ باغلىنىشلىق بولمىغان، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك بۇنداق چوڭقۇر يۇغۇرۇلمىغان، خەلقئارا جەمئىيەت دۇچ كەلگەن يېڭى تېما، يېڭى خىرىسمۇ كۆنسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. ئىنسانلار يەنە بىر قېتىم تارىخنىڭ تۆت كوچا ئېغىزىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ھازىرقى يەر شارىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان «ئالتۇن ئاچقۇچ». جۇڭگو ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىدىكى مەسئۇلىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كۆپ تەرەپچىلىكنى تەشەببۇس قىلىپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەر شارى كەنتىنىڭ ئۈزاقچە تىنچ، خاتىرجەم بولۇشىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ گۈللەنگەن گۈزەل دۇنيانى ئورتاق بەرپا قىلىشنى خالايدۇ. (سۆزنىڭ تولۇق تېكىستى 2 ـ بەتتە ئايرىم بېرىلدى)

پۇتىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دۇنيا ۋەزىيىتىدە نۆۋەتتە كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان يۈزلىنىش كۆرۈلدى. 2008 ـ يىلى خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى يۈز بەرگەندىن بۇيان، دۇنيا ئىقتىسادىدىكى قۇرۇلمىلىق مەسىلىلەر تۈپتىن ھەل بولمىدى، خەلقئارالىق سودىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولۇش ئۈنۈمى تۆۋەنلىدى، قورۇقچىلىق باش كۆتۈردى. يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، دۇنيا ئىقتىسادىدىكى تەسىرىنىڭ ئېشىشى ئالدىدا، بەزى غەرب دۆلەتلىرى سودا ئۇرۇشى قوزغاش، پۇل مۇئامىلە زومىگەرلىكىنى يولغا قويۇش، ھەتتا دېمىسىلا بىر تەرەپلىمە جازا قوللىنىش ۋە باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە قولنى سوزۇش، نورمال مائارىپ ئىلىم ئالماشتۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىش قاتارلىق يولسىز ۋاسىتىلەر بىلەن بېسىم ئىشلەتتى. ئايرىم غەرب دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگو خۇاۋېي شىركىتىگە بېسىم ئىشلىتىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)




6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، 23 ـ نۆۋەتلىك ساينت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرى ئومۇمىي يىغىنى ساينت پېتېربۇرگدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ، رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن، بۇلغارىيە زۇڭتۇڭى رادېۋ، ئەرمېنىيە زۇڭلىسى پاشىنيان، سلوۋاكىيە زۇڭلىسى پېللېگرىنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس قاتارلىقلار قاتناشتى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ «ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرايلى گۈللەنگەن گۈزەل دۇنيانى ئورتاق بەرپا قىلايلى» دېگەن تېمىدا تەبرىك سۆزى قىلماقتا. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ يې فوتوسى

# شى جىنپىڭ رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو ـ رۇسىيە ئېنېرگىيە سودا مۇنبىرىگە قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ساينت پېتېربۇرگ، 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لۇ چۈەنجۇڭ، خاۋ فاڭجيا)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ساينت پېتېربۇرگدا رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو ـ رۇسىيە ئېنېرگىيە سودا مۇنبىرىگە قاتناشتى.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئايرىم ـ ئايرىم تەبرىك سۆزى قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ـ رۇسىيە ئۆزئارا ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىش ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە بولۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق سىجىل چوڭقۇرلىشىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ئېنېرگىيە ھەمكارلىقى ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىدىكى ۋەزنى ئەڭ ئېغىر، نەتىجىسى ئەڭ كۆپ، دائىرىسى ئەڭ كەڭ ساھە. ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىشىشنى قويۇۋالاشتۇرۇشى ئادىل، ھەققانىي، مۇۋاپىق، تەرتىپلىك بولغان خەلقئارا ئېنېرگىيە تەرتىپىنى قوغداشتا پائال رول ئوينىدى.

شى جىنپىڭ جۇڭگو ـ رۇسىيە ئېنېرگىيە ھەمكارلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا تۆت نۇقتىلىق تەكلىپ بەردى. بىرىنچى، كارخانا سۈبيېكتى، سودا پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كەڭ دائىرىدىكى ھەمكارلىقنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى ئىزدەش كېرەك. ئىككى دۆلەت كارخانىلىرى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ تەڭ پايدا ئېلىش، سودا مۇكەممەللىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، كېڭىشىپ ـ كېلىشىشنى كۈچەيتىشى، ھەمكارلىشىش يۆنىلىشىنى توغرا تېپىشى، ھەمكارلىق ھەمراھىنى ياخشى تېپىشى، ھەمكارلىشىش تۈرىنى توغرا تېپىشى كېرەك. پۇل مۇئامىلە سۇغۇرتىسى ۋە ئېنېرگىيە ھەمكارلىقىدا ئۆزئارا قوللاشنى، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈشنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئىككىنچى، يېڭى، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، جۇڭگو ـ رۇسىيە ئېنېرگىيە ھەمكارلىقىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ئېنېرگىيە تېخنىكىسى ئۆلچىمى ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت ئېنېرگىيە ئۆلچىمىنىڭ ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە ئۇدۇللىشىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئېنېرگىيە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ۋە يېتەكلىشىنى كۈچەيتىپ، ئۈچۈر تېخنىكىسى ۋە ئېنېرگىيە كەسىپلىرىنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئېچىش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەجرىبىلەردىن ھەمبەھرلىنىش، ئىقتىدار قۇرۇلۇشى، ئاقىللار ئامبىرى ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىشى، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشى كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ ساينت پېتېربۇرگ دۆلەتلىك داشۆسىنىڭ پەخرىي دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ساينت پېتېربۇرگ، 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار خو شياۋگۇاڭ، لۇ چۈەنجۇڭ)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ساينت پېتېربۇرگدا ساينت پېتېربۇرگ دۆلەتلىك داشۆسىنىڭ پەخرىي دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن مۇراسىمغا قاتناشتى.

شى جىنپىڭ ساينت پېتېربۇرگ دۆلەتلىك داشۆسىنىڭ ئاساسىي بىناسىغا يېتىپ بارغاندا، پۇتىننىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ساينت پېتېربۇرگ دۆلەتلىك داشۆسىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىق كۆرگەزمىسىنى ئورتاق ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى بىرلىكتە چوڭ دەرسخانىغا كىردى. دەرسخانىدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ۋە ئەزىز مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قىزغىن چاۋاك چېلىپ قارشى ئالدى. نەق مەيداندا جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت شېئىرى ئورۇنلاندى.

ساينت پېتېربۇرگ دۆلەتلىك داشۆسىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى ئىلمىي ئۇنۋان بېرىش قارارىنى ئوقۇدى ھەم رەئىس شى جىنپىڭغا پەخرىي دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋان گۇۋاھنامىسىنى بەردى.

شى جىنپىڭ جاۋاب سۆزى قىلىپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ساينت پېتېربۇرگ دۆلەتلىك داشۆسىنىڭ پەخرىي دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى نامىنى قوبۇل قىلغانلىقىمدىن ناھايىتى شەرەپ ھېس قىلدىم. ساينت پېتېربۇرگ دۆلەتلىك داشۆسى دۇنيادىكى داڭلىق بىلىم يۇرتى، تارىخى ئۇزاق، داڭلىق ئوقۇتقۇچىلار توپلاشقان، تالانتلىقلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، رۇسىيە ھەم دۇنيانىڭ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان، شۇنداقلا زور تۈركۈمدىكى خەنزۇ تىلىغا ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە پىششىق خەنشۇناسلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. مائارىپ ھەمكارلىقى خەلقنىڭ چۈشىنىشى ۋە دوستلۇقىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم يول. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ساينت پېتېربۇرگ دۆلەتلىك داشۆسى جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن قويۇق ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ رۇسىيەدە تارقىلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى، رۇسىيە تەتقىقاتىنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)